السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ھەر قانداق كىشى بىر كۆچەت تىكىپ قويسا، ئۇنىڭ مېۋىسى يېيىلسە ئۇ كىشى ئۇچۇن بىر سەدىقە، ئۇنىڭ مېۋىسى ئوغىرلىنىپ كەتسىمۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن سەدىقە ۋە بىرسى ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزسىمۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن سەدىقە ھېسابلىنىدۇ

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قانداق بىر كىشى بىر كۆچەت تىكىپ قويسا، ئۇنىڭ مېۋىسى يېيىلسە ئۇ كىشى ئۇچۇن سەدىقە، ئۇنىڭ مېۋىسى ئوغرىلىنىپ كەتسىمۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن سەدىقە ۋە بىرسى ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزسىمۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن سەدىقە ھېسابلىنىدۇ» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى. يەنە بىر رىۋايەتتە: «بىر مۇسۇلمان كۆچەت تىكسە ئۇنىڭ مېۋىسىدىن ئىنسان ياكى ھايۋان ياكى قۇشلار يېسە ئۇنىڭ ئۇچۇن تاكى قىيامەتكىچە سەدىقە بولىدۇ» دېيىلگەن، يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئەگەر بىر مۇسۇلمان كۆچەت تىكسە ياكى زىرائەت تېرىسا، ئۇنىڭ مېۋىسىدىن ئىنسان ياكى ھايۋان ياكى ئۇچار-قۇشلار يېسە، ئۇنىڭ ئۇچۇن تاكى قىيامەتكىچە سەدىقە بولىدۇ

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان - ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: بىر مۇسۇلمانلاردىن بىرەرسى كۆچەت تىكسە ياكى زىرائەت تېرىسا ئۇنىڭ مېۋىسىنى ھايات مەخلۇقاتلار يەپلا قالسا، ئۇ كىشى تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۇنىڭ ئۇچۇن ساۋاپ بېرىلىدۇ، تىككەن كۆچەت ۋە تېرىغان زىرائەت قالغانغا قەدەر ئۇ كىشىگە ياخشىلىق يېزىلىپ تۇرىدۇ. بۇ باپتا بايان قىلىنغان ھەدىستە، زىرائەت تېرىش ۋە كۆچەت تىكىشكە رىغبەتلەندۈرۈش بولۇپ، بۇنىڭدا دىنى ۋە دۇنيالىق تەرەپتىن مەنپەئەت ۋە كۆپ ياخشىلىق بولىدۇ، تېرىغان زىرائەت ۋە تىككەن كۆچەتتىن بىرەر جانلىق يېسە ئۇ كىشىگە سەدىقە بولىدۇ، ئۇنىڭدىنمۇ ھەيران قالارلىقى بىرەر ئوغرى كېلىپ مېۋىدىن ئوغرىلاپ كەتسە، خۇددى بىر ئادەم خورمىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئوغرىلاپ كەتسە، ئۇنىڭغا ئاشۇنىڭدىمۇ ئەجىر بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇ كىشى ئوغرىنى سوتقا ئېلىپ بېرىپ جازاغا تارتتۇرسىمۇ، ئاللاھ تائالا مۇشۇ ئوغرىلانغان نەرسىنىڭ ساۋابىنىمۇ قىيامەتكىچە ئۇ كىشىگە يازىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ نەرسىلەردىن چارپايلار يېسە ئۇ كىشى ئۇچۇن سەدىقە بولىدۇ، ھەدىسنى مۇسۇلمانغا خاس قىلدى، چۈنكى مۇسۇلمان دېگەن قىلغان سەدىقىسىنىڭ ساۋابىدىن دۇنيا-ئاخىرەتتە مەنپەئەتلىنىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3911

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee